دادىل ئوتتۇرىغا چىقىش

# شىنجاڭنىڭ ئىناقلىقى، مۇقىملىقىنى قەتئىي قوغدايمەن

□ ئاقسۇ ۋىلايەتلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاقسۇ ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ ۋالىيسى نىياز ھاشىم

يېقىندا، ئامېرىكا دۆلەت مەجلىسى ئاۋام پالاتاسى ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار «قانۇن لايىھەسى»نى ماقۇللاپ، جۇڭگو شىنجاڭنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئەھۋالىغا زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، جۇڭگونىڭ ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش ۋە تېررورىزمغا زەربە بېرىشتىكى تىرىشچانلىقىنى بۇرمىلاپ ۋە ئۇنىڭغا قارا چاپلاپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىنى ئاساسسىز ئەيىبلەپ، جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلاشتى. ئامېرىكا تەرەپنىڭ ساختا ئەپت - بەشىرىسى، زومىگەرلىك ماھىيىتىنى كىشىلەر ئاللىبۇرۇنلا ئېنىق كۆرۈپ يەتكەن؛ تۈرلۈك سۇيىقەست، خام خىياللار ئېنىقكى بىھۇدە ئاۋارە بولغانلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلارنىڭ جۇڭگونىڭ ئىچكى ئىشىغا قوپاللىق بىلەن ئارىلىشىپ، ھەق - ناھەقنى ئارىلاشتۇرىدىغان، ئاق - قارىنى ئاستىن - ئۈستۈن قىلىدىغان نومۇسسىز قىلمىشىغا قارىتا مەن قاتتىق ئەيىبلەيدىغانلىقىمنى ۋە قەتئىي قارشى تۇرىدىغانلىقىمنى بىلدۈرىمەن.

شىنجاڭ ئىلگىرى ئەسەبىيزمنىڭ، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىنىڭ زىيانكەشلىكىگە چوڭقۇر ئۇچرىغان. كەسكىن ۋەزىيەت ئالدىدا، شىنجاڭ قانۇن بويىچە زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە زەربە بەردى، ئۇدا ئۈچ يىل بىر قېتىممۇ زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلو (ۋەقە)سى يۈز بەرمىدى، بۇ شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئومۇميۈزلۈك قوللىشىغا ئېرىشتى.

خەلقئارا جەمئىيەت جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش سىياسىتىگە قارىتا ئومۇميۈزلۈك ئىجابىي باھا بەردى. 2018 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىن بۇيان، ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 91 دۆلەتنىڭ 70 تۈركۈمدىن ئارتۇق ئۆمەك - گۇرۇپپىسى، 1000دىن ئارتۇق كىشى شىنجاڭغا كېلىپ ئېكسكۇرسىيە، زىيارەتتە بولدى، ئۇلار شىنجاڭنىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش، ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمەت تەجرىبىلىرىنى ئۆگىنىشكە، ئۆرنەك قىلىشقا ئەرزىيدىكەن، دەپ بەس - بەستە تەرىپلىدى. بۇ يىل 3 - ئايدا، ئىسلام ھەمكارلىق تەشكىلاتى دىپلوماتىيە مىنىستىرلىرى كېڭىشى قارار ماقۇللاپ، جۇڭگونىڭ مۇسۇلمان ئاممىغا غەمخورلۇق قىلىشتا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىقىنى ماختىدى. 7 - ئايدا، 50 نەچچە دۆلەتنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرى بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى كىشىلىك ھوقۇق كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرى ئالىي خاس خادىمىغا بىرلەشمە ئىمزالىق خەت ئەۋەتىپ، جۇڭگونىڭ تېررورلۇققا قارشى تۇرۇش ۋە ئەسەبىيلىكنى تۈگىتىش خىزمىتىدە كىشىلىك ھوقۇققا ھۆرمەت قىلغانلىقى ۋە ئۇنىڭغا كاپالەتلىك قىلغانلىقىغا ئىجابىي باھا بەردى. 10 - ئايدا، 60تىن ئارتۇق دۆلەتنىڭ ۋەكىللىرى 74 - نۆۋەتلىك بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى يىغىنى 3 - كومىتېتى يىغىنى مەزگىلىدە بەس - بەستە سۆز قىلىپ، جۇڭگو شىنجاڭدىكى غايەت زور كىشىلىك ھوقۇق تەرەققىياتىنى تەرىپلىدى. بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 27 - كۈنى، مەن ۋەكىللەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە «جۇڭگونىڭ مىللەتلەر سىياسىتى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى — شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئەمەلىيىتى» مەخسۇس تېمىلىق تەشۋىق قىلىش، تونۇشتۇرۇش يىغىنىدا، 30غا يېقىن دۆلەتتىن كەلگەن تەخمىنەن 50 پارتىيەدىكى 200دىن كۆپرەك چەت ئەللىك مېھمانغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى تەسىرلىك ھېكايىلىرىنى تونۇشتۇردۇم؛ 7 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ۋەكىللەرنىڭ بىرى سۈپىتىدە، مەن يەنە جۇڭگونىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللەر ئۆمىكى ئۆتكۈزگەن «شىنجاڭ كىشىلىك ھوقۇق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات مۇۋەپپەقىيەتلىرى» باش تېما يىغىنىدا دۇنيادىكى ھەرقايسى دۆلەتلەرگە ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى مۇۋەپپەقىيەتلىرى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشىنى تونۇشتۇرۇپ، يىغىنغا قاتناشقان ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ جەنۋەدە دائىمىي تۇرۇشلۇق ۋەكىللىرىنىڭ كەڭ تەرىپلىشىگە ئېرىشتىم. بۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنى كۈچلۈك ئىسپاتلايدۇكى، ئامېرىكا تەرەپنىڭ شىنجاڭغا ئالاقىدار مەسىلىدە قۇسۇر تېپىشى پاكىتقا پۈتۈنلەي خىلاپ، خەلقئارا جەمئىيەتتىكى ئاساسىي ئېقىم ئەلرايىغا پۈتۈنلەي خىلاپ.

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان 70 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى ياخشىلاندى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ غەمخورلۇقىدا، شىنجاڭدا ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەر يۈز بەردى، ھەرمىللەت خەلق بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلاشتى، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم بولدى، ئىقتىساد گۈللىنىپ تەرەققىي قىلدى، تۇرمۇش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى. بولۇپمۇ پارتىيە 18 - قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، ئاقسۇ ۋىلايىتىدە ئىقتىساد، جەمئىيەت ئىشلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىلىپ، ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز ئاشتى. ئىستاتىستىكىغا قارىغاندا، بۇ يىلىنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا، ئاقسۇ ۋىلايىتى ئىشقا ئاشۇرغان ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 41 مىليارد 787 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 9.6% ئاشقان؛ مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى 47% ئاشقان؛ سودىگەر ۋە مەبلەغ جەلپ قىلىشتا ئەمەلىيلەشتۈرۈلگەن تۈر 406 بولۇپ، 44% ئاشقان، ئەمەلىيلەشكەن مەبلەغ 25 مىليارد 900 مىليون يۈەنگە يېتىپ، 73% ئاشقان؛ ئىشقا ئورۇنلىشىش ۋەزىيىتىدە مۇقىم ئېشىش بولۇپ، شەھەر - بازارلاردا يېڭىدىن كۆپەيگەن ئىشقا ئورۇنلاشقانلارنىڭ سانى 22 مىڭ 900 كىشىگە يەتكەن، يېزىلاردىكى ئارتۇق ئەمگەك كۈچلىرىدىن 93 مىڭ 800 كىشى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا پايىل ئىلگىرىلەش بولۇپ، نامرات ئائىلىلەردىكى 10 مىڭ 200 كىشى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇلغان؛ ساياھەتچىلىكنىڭ تەرەققىيات ۋەزىيىتى كۈچلۈك بولۇپ، دۆلەت ئىچى - سىرتىدىن جەمئىي كۈتۈۋېلىنغان ساياھەتچى 6 مىليون 213 مىڭ 200 ئادەم قېتىمغا يېتىپ، ساياھەت ئىستېمالى 3 مىليارد 357 مىليون يۈەنگە يېتىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن ئايرىم - ئايرىم 83%، 98% ئاشقان؛ خەلق تۇرمۇشى چىقىمىنىڭ سالمىقى زورىيىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، مائارىپ، ئىجتىمائىي كاپالەت، داۋالىنىش - سەھىيە، ئېنېرگىيە تېجەش - مۇھىت ئاسراش قاتارلىق خەلق تۇرمۇشى قۇرۇلۇشى چىقىمىنىڭ ئومۇمىي چىقىمدا ئىگىلىگەن نىسبىتى 73%كە يەتكەن. بۇ شۇنى تولۇق چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇكى، ئاقسۇ ۋىلايىتىدىكى ھەر مىللەت خەلق سىجىل مۇقىم بولغان مۇھىتتا بەختلىك، ئىناق، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكتە.

ئامېرىكىدىكى بىر قىسىم سىياسەتۋازلار «كىشىلىك ھوقۇق ۋە دېموكراتىيە» تونىغا ئورۇنىۋېلىپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتىنىڭ غايەت زور دەرىجىدە ياخشىلانغانلىقىدەك پاكىتقا كۆز يۇمۇپ، جۇڭگو ھۆكۈمىتىنىڭ قانۇن بويىچە شىنجاڭنى ئىدارە قىلىشتا قولغا كەلتۈرگەن دۇنيانىڭ دىققىتىنى تارتقان مۇۋەپپەقىيەتلىرىگە زەھەرخەندىلىك بىلەن ھۇجۇم قىلىپ، تىيانشاننىڭ جەنۇبى، شىمالىدا يۈز بەرگەن ئالەمشۇمۇل ئۆزگىرىشلەرنى بۇرمىلىدى، ئىنكار قىلدى. «ئاياغنىڭ پۇتقا دەل كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى ئاياغنى كىيگەن ئادەملا بىلىدۇ». شىنجاڭنىڭ ئىشىدا شىنجاڭدىكى 25 مىليون ھەر مىللەت ئامما ئەڭ سۆز قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە؛ شىنجاڭنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى توغرىسىدا، ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنىڭ قول تىقىشى، بىلجىرلىشى كېرەك ئەمەس. مەن بۇ يەردە ئامېرىكىدىكى ئاشۇ سىياسەتۋازلارنى كەسكىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى: سىلەر شىنجاڭغا قارا چاپلايدىغان بىمەنە سەپسەتەڭلارنى ئەمدى توختىتىڭلار!

# شىنجاڭنىڭ گۈللىنىشى، مۇقىملىقىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىشكە يول قويۇلمايدۇ
# شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمى توختاپ قالمايدۇ

(بېشى 1 - بەتتە)

«بۇ قېتىمقى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى بىر قىسىم دۆلەتلەرنىڭ شىنجاڭنى تېخىمۇ ياخشى چۈشىنىشى، ئۇقۇشماسلىقنى تۈگىتىشى، شۇ ئارقىلىق ھەققىي، ئوبيېكتىپ خەۋەر قىلىشىدا مۇھىم رول ئوينىدى.» پاكىستان ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ مۇخبىرى مۇھەممەت ئەسقەر مۇنداق دېدى: «بۇ يىل 3 - ئايدا، مەن شىنجاڭغا بېرىپ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدىكى نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچىنى زىيارەت قىلدىم، تەربىيەلەنگۈچىلەر ئۇ جايدا دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى، قانۇن بىلىملىرى ۋە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىدىكەن، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى خۇشال ۋە مەنىلىك ئۆتۈۋېتىپتۇ، ئۇلار تىرىشىپ ئۆگىنىپ، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن جەمئىيەتكە تۆھپە قوشىدىغان ئادەمگە ئايلىنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى. شىنجاڭنىڭ كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيەسى بىر خىل ناھايىتى ياخشى تۈزۈم ئورۇنلاشتۇرۇشى ئىكەن، بۇ پايدىلىق سىناق باشقا دۆلەتلەرنىڭ ئۆگىنىشى، ئۆرنەك ئېلىشىغا ئەرزىيدىكەن».

«بىر قىسىم چەت ئەل تاراتقۇلىرى، بولۇپمۇ غەرب تاراتقۇلىرىنىڭ شىنجاڭغا قارىتا نۇرغۇن گۇمانى بار، كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە نۇرغۇن بوھتان چاپلىدى ۋە ئىغۋا توقۇدى. مەن قەشقەردىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىگە بېرىپ كۆردۈم، خۇددى ئۇنىڭ نامىغا ئوخشاش، نۇرغۇن تەربىيەلەنگۈچى ئۇ يەردە كەسپىي ماھارەت ئۆگىنىپتۇ. بەزى تەربىيەلەنگۈچىلەر كەشتىچىلىك تېخنىكىسىنى ئۆگەنگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشىلاپلا قالماي، ئەتراپىدىكى 30 نەچچە تەربىيەلەنگۈچىنى بىرلىكتە ئىگىلىك تىكلەپ بېيىشقا يېتەكلەپتۇ، بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ ئىكەن.» جۇڭگو خەلقئارا تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرى سۈي خۇيئاۋ مۇنداق دېدى: «بۈگۈنكى ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنى ئادەمگە تاشقىرى كۈچ بەردى، نۇرغۇن تەپسىلىي سانلىق مەلۇماتلار ۋە جانلىق دېلولار بىلەن ئامېرىكىنىڭ ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى›گە كۈچلۈك رەددىيە بېرىلدى ۋە قاتتىق قايتۇرما زەربە بېرىلدى!»

### ياخشى كۈنلىرىمىز ئارقىلىق ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلەرنى تارمار قىلىمىز

يوپۇرغا ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغان تەربىيەلەنگۈچى نىجات مۇختەر دەل ۋاقتىدا يان تېلېفون ئارقىلىق ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىنىڭ بىۋاسىتە كۆرسىتىلىشىنى كۆردى. ئۇ مۇنداق دېدى: «تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن، مېنىڭ خىزمىتىم، تۇرمۇشۇم ناھايىتى ياخشىلاندى، ئائىلىمىزدىكىلەر ناھايىتى بەختلىك ئۆتۈۋاتىمىز، ئامېرىكا ماقۇللىغان ئاتالمىش شىنجاڭغا ئالاقىدار ‹قانۇن لايىھەسى› پۈتۈنلەي ئويدۇرما، تۆھمەت قىلغانلىق، قارا چاپلىغانلىق! بىز ھازىرقى تەستە قولغا كەلگەن ئىناق، مۇقىم تۇرمۇشىمىزنى ئىنتايىن قەدىرلەيمىز، بەختلىك تۇرمۇشىمىزغا بۇزغۇنچىلىق قىلىش غەرىزىدە بولغان ھەرقانداق رەزىل قىلمىشقا شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلق لەنەت ئوقۇيدۇ!»

تەربىيەنى تاماملىغىنىغا بىر يىلدىن ئاشقان بولسىمۇ، بۇرازىيە مەمەتتوختىنىڭ تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە ئۆتكەن كۈنلىرى ھېلىمۇ ئېسىدە تۇرۇپتۇ. «كەڭ تەنتەربىيە مەيدانى، يورۇق دەرسخانا، پاكىز ياتاق، تاماقلارنىڭ مەززىلىك پۇرىقى بىلەن تولغان ئاشخانا، ياخشى ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش مۇھىتى كىشىنىڭ ئېسىدىن چىقمايدۇ.» بۇرازىيە مۇنداق دېدى: تەربىيەلىنىش مەزگىلىدە، مەن تىككۈچىلىك ماھارىتىنى ئۆگىنىش دەرسىنى تاللىدىم، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن خوتەن شەھىرىدىكى بىر كىيىم - كېچەك شىركىتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش سېخىدا گۇرۇپپا باشلىقى بولدۇم، ھازىر ئايدا 1500 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلىمەن، ئېرىممۇ زاۋۇتتا ئىشلەيدۇ، ئائىلەم نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، بىر ئائىلە كىشىلىرى خۇشال - خۇرام ياشاۋاتىمىز. «بىز ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ھازىرقى چوڭ ياخشى ۋەزىيەتنى قوغداپ، ئاشۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان سەپسەتىلەرنى تەلتۆكۈس تارمار قىلىمىز» دېدى ئۇ.

كېرىيە ناھىيەسىدىكى كەسپىي ماھارەت تەلىم - تەربىيە مەركىزىدە، تەربىيەلەنگۈچى ئالىمجان دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىدىن ئۈزۈل - كېسىل ۋاز كەچتى ھەم ئېلېكترونلۇق سودىنى ئۆگەندى، تەربىيەنى تاماملىغاندىن كېيىن ھۆكۈمەتنىڭ ياردىمىدە، خوتۇنى بىلەن تاللا بازار ئاچتى، ھازىر كۈندىلىك تىجارەت سوممىسى 1000 يۈەن ئەتراپىدا بولۇپ، بايرام ۋە دەم ئېلىش كۈنلىرىدە 3000 يۈەنگە يېتىدۇ. «ھازىر دۇكاندا بار نۇرغۇن تاۋارنىڭ ھەممىسنى خوتۇنۇم ئۈرۈمچىگە بېرىپ سېتىۋالغان، مەنمۇ ئۆيگە تېخىمۇ كۆيۈنىدىغان بولدۇم، بىكار بولسالا خوتۇن - بالىلىرىمغا تاماق ئېتىپ بېرىمەن.» كەلگۈسى پىلانى ئۈستىدە توختالغاندا، ئالىمجان كۈلۈپ تۇرۇپ: «مېنىڭ تور دۇكىنىم پات ئارىدا ئېچىلىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە مەھسۇلاتلىرىنى ۋەتىنىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا سېتىپ، يەنە تېخىمۇ كۆپ كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ، تىنچ، ئىناق مۇھىتتا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرىمەن، بىزنىڭ ياخشى كۈنلىرىمىزنى كۆرۈشنى خالىمايدىغان ئاشۇ كىشىلەر ئۈمىدسىزلىنىپ قالسۇن» دېدى ئۇ.

### بىر نىيەتتە ھەمكارلىشىپ گۈزەل شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى مىللەت، دىن، تاشقى ئىشلار، خۇاچياۋلار خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسىنىڭ 2 - دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى زۇلپىيە ياقۇپ مۇنداق دېدى: ئاخبارات ئېلان قىلىش يىغىنىدا دۇنياغا نامايان قىلىنغىنىدەك، ھازىر شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادى يۇقىرى سۈپەتتە تەرەققىي قىلىۋاتىدۇ، جەمئىيەت ئىناق، مۇقىم، خەلق تۇرمۇشى سىجىل ياخشىلاندى، ھەر مىللەت خەلق ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىدە تۇرۇۋاتىدۇ. چوڭ ياخشى ۋەزىيەت تەستە قولغا كەلگەن، بىزنىڭ دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئەتىنى قوغداش ئىرادىمىز قەتئىي تەۋرەنمەيدۇ، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ئىرادىمىز ئۇيۇل تاشتەك چىڭ، ھەرقانداق كۈچ شىنجاڭنىڭ ئالغا ئىلگىرىلەش قەدىمىنى توسۇپ قالالمايدۇ.

«شىنجاڭنىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، گۈللىنىش مۇساپىسىدە، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئىتتىپاقلىشىپ جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەش قەدىمىنى ھەرقانداق كۈچ توسۇيالمايدۇ.» شىنجاڭ سىفەن ئالىي تېخنىكومىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى سارەم پازىل مۇنداق دېدى: مەن ئۆز خىزمىتىمنى پۇختا ياخشى ئىشلەپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەش، ئوقۇتۇش ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزۈمگە قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆزۈم ئۈلگە بولۇپ، ئوقۇغۇچىلارنى «ئۈچ خىل كۈچ»نىڭ جىنايى ماھىيىتى ۋە رەزىل ئەپت - بەشىرىسىنى ئېنىق تونۇشقا، ۋەتەننىڭ بىرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى قەتئىي قوغداشقا تەربىيەلەيمەن، يېتەكلەيمەن.

«شىنجاڭدا دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان پۇقرالار دىنغا ئېتىقاد قىلمايدىغان پۇقرالارغا ئوخشاش سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە باراۋەر ھوقۇق - مەنپەئەتتىن بەھرىمەن بولىدۇ، ھېچقانداق پۇقرا دىنغا ئېتىقاد قىلىش ياكى دىنغا ئېتىقاد قىلماسلىق سەۋەبىدىن كەمسىتىلىشكە ياكى ئادالەتسىز مۇئامىلىگە ئۇچراپ باقمىدى.» ئۈرۈمچى شەھىرىدىكى ياڭخاڭ مەسچىتىنىڭ ئىمامى مۆھتەرەم شېرىپ مۇنداق بىلدۈردى: دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى ۋەتەنپەرۋەرلىك بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىننى جۇڭگولاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇشقا، بايرىقى روشەن ھالدا دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيەسىگە قارشى تۇرۇشقا، تۈرلۈك شەكىلدىكى مىللىي بۆلگۈنچىلىك پائالىيەتلىرى، زوراۋانلىق، تېررورلۇق پائالىيەتلىرىگە قارشى قەتئىي كۆرەش قىلىشقا يېتەكلەيمەن.

«شىنجاڭ بىخەتەر، ئىناق، گۈزەل ھەم ھاياتى كۈچكە تولغان جاي، كىشىلىرى قىزغىن، مېھماندوست، ئىتتىپاق، دوستانە. شىنجاڭ بارغانسېرى مۇقىم بولدى، شىنجاڭغا ساياھەتكە كېلىدىغانلار بارغانسېرى كۆپەيدى، شىنجاڭنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات يوشۇرۇن كۈچى زور.» شىنجاڭ يوۋچې شياۋگې پەن - تېخنىكا چەكلىك شىركىتىنىڭ باش مۇدىرى گو دەيچىننىڭ چېڭدۇدىن شىنجاڭغا كېلىپ ئىگىلىك تىكلىگىنىگە بىر يىلدىن ئاشتى، تىجارىتى يامان ئەمەس، ئۇ شىنجاڭنىڭ ئەتىسىنىڭ چوقۇم تېخىمۇ گۈزەل بولىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىدۇ، «بۇ مېنىڭ گۈزەل ئارزۇيۇم، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى بىلەن، بۇ ئارزۇيۇمنىڭ چوقۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنىمەن!»

**(مۇخبىرلىرىمىز يۈەن لىي، جېڭ جو، مېھرىگۈل غوپۇر، شى شىن، جاۋ جىيۈن، شېي خۇيبىيەن، ئىختىيارىي مۇخبىرىمىز سۈن شۆنى يازغان)**

# شىنجاڭ تۇنجى تۈركۈمدىكى قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىنى نۇقتىدا سىناق قىلىدىغان رايون قاتارىغا كىردى

(بېشى 1 - بەتتە)

«رايونلارنى ماسلاشتۇرۇپ تەرەققىي قىلدۇرۇش» ئىستراتېگىيەسىگە سىڭىشىپ، «شىنجاڭ ئىچكى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىشنى تېزلىتىش»نى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تېزلىتىدۇ؛ سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىستراتېگىيەسىگە سىڭىشىپ، خەلقئارا يۈك ترانسپورتىنى قولايلاشتۇرۇش سەۋىيەسىنى ئۈنۈملۈك ئۆستۈرىدۇ؛ «ساياھەت ئارقىلىق شىنجاڭنى گۈللەندۈرۈش» ئىستراتېگىيەسىگە سىڭىشىپ، قاتناش - ترانسپورت بىلەن ساياھەتنىڭ چوڭقۇر يۇغۇرما تەرەققىياتىغا پۈتۈن كۈچ بىلەن تۈرتكە بولۇپ، «قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشى تىزىسى»نىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدىغان، شىنجاڭچە خاسلىققا ئىگە نۇقتىدا سىناق قىلىش يولى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، نۇقتىدا سىناق قىلىشتىكى ئۈلگە كۆرسىتىش، يېتەكلەش رولىنى جارى قىلدۇرىدۇ.

نۆۋەتتە، قاتناش - ترانسپورت نازارىتى «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۇنىۋېرسال ئىستىراتېگىيەلىك قاتناش تورى يىرىك پىلانى(2021 - يىلدىن 2050 - يىلغىچە)» «ئاپتونوم رايونىنىڭ قاتناش - ترانسپورتىنىڭ 14 - بەش يىللىق تەرەققىيات يىرىك پىلانى» قاتارلىق نۇقتىلىق يىرىك پىلانلارنى تۈزۈشنى تېزلىتىپ، بىر يىلدىن ئىككى يىلغىچە نۇقتىدا سىناق قىلىش ۋەزىپىسىدە باسقۇچ خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، ئۈچ يىلدىن بەش يىلغىچە ۋاقىت سەرپ قىلىپ، نىسبەتەن مۇكەممەل بولغان سىستېما خاراكتېرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش، قاتناش كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇلۇشىدىكى يېتەكلەش، ئۈلگە كۆرسىتىش رولىغا ئىگە نۇقتىدا سىناق قىلىش تۈردىن بىرقانچىنى يېتىشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم كۆپەيتكىلى، كېڭەيتكىلى بولىدىغان ئىلغار تەجرىبىلەر ۋە تىپىك نەتىجىلەرنى شەكىللەندۈرۈش، بىر تۈركۈم سىياسەت، يىرىك پىلان، ئۆلچەم، قائىدە قاتارلىقلارنى چىقىرىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تۈزۈلمە - مېخانىزمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بىر تۈركۈم يۇقىرى ساپالىق كەسپىيلەشكەن قاتناش ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈشنى پىلانلىدى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ قاتناش - ترانسپورت ئىشلىرى تېز تەرەققىي قىلدى، قاتناش - ترانسپورت ئۇل ئەسلىھە تورىنىڭ كۆلىمى زور دەرىجىدە كېڭەيدى، ترانسپورت مۇلازىمىتىنى كاپالەتلەندۈرۈش سەۋىيەسى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، ئاسىيا - ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنى توغرىسىغا كېسىپ ئۆتىدىغان ئۇنىۋېرسال ترانسپورت يولىنىڭ دۆلەت ئىچى بۆلىكى پۈتۈنلەي لىنىيە بويىچە تۇتاشتۇرۇلۇپ، چېگرادىن كىرىش - چىقىش، شىنجاڭغا كىرىش - چىقىش، جەنۇبىي، شىمالىي شىنجاڭ ئارىسىدىكى قاتناش تېخىمۇ قولايلىشىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ سەپەرگە چىقىش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى.